شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 7 - ئاي
5
يەكشەنبە
维吾尔文 7月5日

新疆日报

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25113 - سان بۈگۈن 4 بەت

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ موڭغۇلىيە خەلق پارتىيەسىنىڭ رەئىسى، ھۆكۈمەت زۇڭلىسى كۈرلسۇكى بىلەن ئۆزئارا خەت ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ موڭغۇلىيە خەلق پارتىيەسىنىڭ رەئىسى، ھۆكۈمەت زۇڭلىسى كۈرلسۇكىغا ئاغزاكى خەۋەر يوللىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو بىلەن موڭغۇلىيە تاغ - دەريالىرى تۇتاش دوست قوشنا دۆلەت. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن موڭغۇلىيە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى زىچ قانات يايدۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئاچتى

تىرىشىپ ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك

«ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» قاتارلىقلار قاراپ چىقىلدى

چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىرۇي** خەۋەر قىلدۇ: 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، «ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ قاراپ چىقتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە، مۇھىم، زور خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى، مۇھىم، زور تەرەققىيات مەسىلىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا قەتئىي بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، قار - مۇزلۇقنىڭ ئۆزىمۇ بىر بايلىق دېگەن ئىدىيىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئېكولوگىيىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئادەمنى ئاساس قىلىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، تەرەققىياتنى قوغداپ، بىر - بىرىنى تولۇقلاپ، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، ئىشتا نەتىجە قازىنىشقا ماھىر بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغان، تۇرمۇش باياشات بولغان، ئېكولوگىيىسى ياخشى بولغان مەدەنىي تەرەققىيات يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىش كېرەك. ئېكولوگىيە قىزىل سىزىقى، تۆۋەن چېكىنى قاتتىق ساقلاپ، تەرەققىي قىلىش داۋامىدا قوغداش، قوغداش داۋامىدا تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئۈچ يۇقىرى» تۈرلەرنىڭ

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

كىرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈش ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش . كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز ⑪

ئەشيا ئوبوروتى پورتىدا e كونۇپكىسىنىڭ سۈرئىتى تېزلىتىلدى

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ چۈنخۇا**

7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى سائەت 9دا، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى)غا جايلاشقان خەيخۇڭ خەلقئارا يېمەكلىك ئەشيا ئوبوروتى پورتىدا بىر كۈنلۈك ئالدىراش رىتىم باشلاندى. جەنۇبىي دەرۋازىدىكى كىرىش ئېغىزىدا، تىجارەتچىلەر ئۆچرەتتە تۇرۇپ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىتىپ كىرىشكە باشلىدى، چوڭ - كىچىك ئاپتوموبىللارمۇ تىزىلىشىپ كىرىۋاتاتتى. قوشۇمچە يېمەكلىكلەر رايونىدا، ئەمدىلا كىرگەن تىجارەتچىلەر دۇكانلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئومۇميۈزلۈك دېزىنفېكسىيە قىلىۋاتاتتى.

ئۈرۈمچىدىكى بىر كۆزنەكلىك يېمەكلىك سېتىۋېلىش سۇپىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، خەيخۇڭ خەلقئارا يېمەكلىك ئەشيا ئوبوروتى پورتىنىڭ 2019 - يىلىدىكى يۈك كىرگۈزۈش - چىقىرىش مىقدارى 750 مىڭ توننىدىن ئاشتى، سودا سوممىسى 10 مىليارد يۈەن ئەتراپىدا بولدى.

جەنۇبىي دەرۋازىغا يانداش بىنانىڭ كەينى تەرىپى ئەشيا ئوبوروتى پورتىنىڭ سوغۇق ئەشيا ئوبوروتى زەنجىرىنىڭ يادروسى. بۇ يەردە ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 150 مىڭ توننا كېلىدىغان ئىككى غايەت زور توڭلىتىش ئىسكىلاتى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، دېزىنفېكسىيەلەش تاماملانغاندىن كېيىن، 100دىن ئارتۇق يۆتكەش - توشۇش ماشىنىسى ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈشۈپ، ئالتە ئەشيا ئوبوروتى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش نۇقتىسىدا، ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر كېلىدىغان سوغۇق ساقلاش ئاپتوموبىلىغا يۈك قاچىلاۋاتاتتى. خەيخۇڭ خەلقئارا يېمەكلىك ئەشيا ئوبوروتى پورتىنىڭ باش دىرېكتورى يەن لىنلۇڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئەشيا ئوبوروتى پورتىنىڭ سوغۇق پىتى توشۇشى پۈتۈن شىنجاڭدىكى بارلىق ناھىيە، شەھەرلەرنى قاپلاپتۇ، يەنە بېيجىڭ، جىنەن، جېڭجوۋ، شىئەن قاتارلىق ئىچكىرى رايونلاردىكى شەھەرلەردە ئالماشتۇرۇپ توشۇش نۇقتىسى تەسىس قىلىنىپتۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شىنجاڭدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز ناھىيەنىڭ بارلىق مەمۇرىي كەنتلىرىدە نۇر كابېلنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر گاۋ خەن) مۇخبىرنىڭ 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، شىنجاڭدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز ناھىيە — تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى بارلىق مەمۇرىي كەنتلەردىكى دېھقان ئائىلىلىرىگە يېقىندا نۇر كابېل ئۇلانغان، بۇنىڭ بىلەن قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بارلىق مەمۇرىي كەنتلەردە نۇر كابېلنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈپ، رادىيو - تېلېۋىزىيە بىلەن تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

تاشقورغان پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئاشىدىغان بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە نۇر كابېل ئەڭ ئاخىردا ئۇلانغان ناھىيە. ئۇزاقتىن بۇيان، تەبىئىي مۇھىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، نۇر كابېلنى ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى زور بولۇپ، شۇ جايدىكى چەت، يىراق تاغلىق كەنتلەرنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقە قىلىدىغان «ئۇچۇر يولى»نىڭ سۈپىتى ناچار ئىدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى مەخسۇس تېمىلىق يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلدۇ: 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى مەخسۇس تېمىلىق يىغىن ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چېگرا پورتلىرىدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى قايتا ئورۇنلاشتۇردى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ھالىلىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى

ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسىدىكى ئەمەلىي مەشىق بازىسى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى

ئىشىك ئالدىمىزدا «ئارزۇ زاۋۇتى» بار

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جىڭ بو، پەرىزات ئابدۇل، زوۋ يى، ئەن شيۇ، يىن تۇڭيۈەن**

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسىدىكى ئىگىلىك تىكلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەمەلىي مەشىق بازىسىغا جايلاشقان بىر ئېلېكترون پەن - تېخنىكا شىركىتىنىڭ سېخىدا، ئايال ئىشچىلار بارماقلىرىنى چەبدەسلىك بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تال - تال مىس سىملارنى تېز سۈرئەتتە سىم ئورامىغا ئايلاندۇرۇۋاتاتتى. «تامىقىمىز ياخشى، كىرىمىمىز يۇقىرى، يەنە تېخنىكا ئۆگىنەلەيمىز، بۇ يەردە خىزمەت قىلىش ناھايىتى كۆڭۈللۈك» دېدى ئايال ئىشچى ھاۋانىسا ناسىر چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا مۇخبىرغا كۈلۈپ تۇرۇپ. بۇ ئەمەلىي مەشىق بازىسىغا ھازىر ئالتە كارخانا ماكانلاشقان بولۇپ، 465 ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، بۇنىڭ ئىچىدە نامرات نوپۇس 343 ئادەم ئىكەن. ئىلگىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بۇ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى ھازىر زاۋۇتتىكى ماھىرلارغا ئايلاندى.

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئىشچىلار ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسىدىكى ئىگىلىك تىكلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەمەلىي مەشىق بازىسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش سېخىدا ئېلېكترونلۇق مەھسۇلات زاپچاسلىرىنى ياسىماقتا. ☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز زوۋ يى فوتوسى

كىرىم ھەققىدە توختىلىش: ئىككى قولغا تايىنىپ بەخت يارىتىش

«بەخت ئىككى قولغا تايىنىپ يارىتىلىدۇ.» 23 ياشلىق جاناقىز روزى ئىزچىل مۇشۇ سۆز بىلەن ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈپ كەلدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆيىدە دېھقانچىلىق قىلدى، بارىن يېزىسى ئاچقان ئەمەلىي مەشىق بازىسى ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا ئۆزگىرىش پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى.

ئەمەلىي مەشىق بازىسى «كارخانا + دېھقان ئائىلىلىرى»دىن ئىبارەت تەرەققىيات ئەندىزىسى بويىچە، ئىشچى ئىشلىتىش مىقدارى كۆپ كارخانىلارنى يېزا - كەنتلەردە زاۋۇت قۇرۇشقا جەلپ قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى.

بۇ ئېلېكترونلۇق پەن - تېخنىكا شىركىتىدە خىزمەت قىلغان بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، جاناقىز ئىجتىھات بىلەن ئەستايىدىل ۋە تىرىشىپ ئىشلىگىنىنىڭ نەتىجىسىنى كۆردى، ھازىر گۇرۇپپا باشلىقى بولدى، مائاشىمۇ خېلى كۆپ ئۆستى.

«مەن ھازىر ئۆيدىكىلەردىن پۇل سورىمايدىغان بولدۇم، يەنە تېخى ئاتا - ئانامغا پۇل بېرەلەيمەن، ئۇلار ناھايىتى خۇشال.» جاناقىز كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بۇ يەردە ئىشلىسەم،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

سكانېرلاپ سىننى كۆرۈڭ

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

قاسىمجان كومپيۇتېردا لايىھەلەش دارىنىغا ئايلاندى

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لى شىڭ، جىڭ جو**

6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، مۇخبىرلار قاسىمجان خېلىل بىلەن خوتەن شەھىرىدىكى بىرقەدەر ئاۋات كوچىدا كۆرۈشۈشكە كېلىشتى، ئۇنىڭ شىركىتى مۇشۇ كوچىدا ئىدى.

قاسىمجاننىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندە، مۇخبىرلارنىڭ كۆرگىنى كومپيۇتېر ئېكرانىدىكى بىر نۇسخا لايىھەلەش بېتى بولدى. «بايىلا كۆرگەزمىگە دائىر ئىشنى قوبۇل قىلدىم، يېقىنقى بىرنەچچە كۈندە ئىش تاپشۇرىمەن، شۇڭا تېزدىن نۇسخىنى لايىھەلەپ بولۇشۇم كېرەك» دېدى قاسىمجان.

دائىم ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەش خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەش

بۇلتۇر 3 - ئايدا، قاسىمجان خوتەن شەھەرلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشنى تاماملىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شاد - خۇرام ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناش

7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كەچقۇرۇن، ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈرۈمچى نەنخۇ شەھەر ئاھالىلىرى مەيدانىدا ئارام ئېلىپ كۆڭۈل ئېچىپ، ھەپتە ئاخىرىدىكى ۋاقىتتىن ھوزۇرلاندى. ☐ سەي زېڭلى فوتوسى